# 367615 ـ رامىزاندا روزىدارنىڭ چىشىنى ئاقارتىش ئۈچۈن چىش قىلىپىى سىلىشنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

## سۇئال

رامىزاندا روزىدارنىڭ چىشىنى ئاقارتىش ئۈچۈن چىش قىلىپىى سىلىشى توغرا بولامدۇ؟ . بۇ ھەققە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئالالھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئالالھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

چىشنى ئاقارتىش قىلىپىى دىگەن:  ئېغىزدىكى چىشنىڭ شەكلىدە بولغان ئېچىگە چىش ئاقارتىش دورىسى قويۇلغان شەكىلدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ قىلىپنى چىشقا كىيدۈرىدۇ، ھەر كۈندە مەلۇم ۋاقىتتا ئېغىزدا تۇرىدۇ . بۇ قىلىپنىڭ روزىدارنىڭ روزىسىنىڭ توغرا بولۇشىغا تەسىر كۆرسىتىشىگە كەلسەك، مۇشۇ قىلىپتىكى ماددىلارنىڭ ئېغىزنىڭ ئېچىگە سىڭىپ كىرىشىگە قارىلىدۇ:

بىرىنچى ھالەت: چىش ۋە تۆشۈكلەرگە چىڭ چاپلىشىدىغان بولىدۇ، ئۇنىڭدىن ئېغىزغا بىر نەرسە چىقمايدۇ، ياكى روزىدارنىڭ ئېغىزىدىن سىرتقا چىقىدۇ، بۇنداق ھالەتتە روزىنى بۇزىدىغان ھېچقانداق بىر سەۋەپ بولمىغانلىقى ئۈچۈن بۇ قىلىپنىڭ روزىغا تەسىرى بولمايدۇ.  بۇ ھەققە تەپسىلى مەلۇمات ھاسىل قىلىش ئۈچۈن363474  ـ نومۇرلۇق سوئاللارنىڭ جاۋابىغا مۇراجىئەت قىلىنسۇن.

ئىككىنچى ھالەت:  قىلىپ ئارىسىدىن بەزى نەرسىلەر سىزسا بۇنى روزىدار يۇتۇپ سالىدىغان ھالەتتە روزىدارنىڭ رامزاننىڭ كۈندۈزدە ئېغىزىغا چىش قىلىپىى سىلىشى توغرا بولمايدۇ.

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ" :روزىدارنىڭ چىش پاستىسى بىلەن چىش چوتكىسى ئىشلىتىش ئەھۋالى بۇ ئىككى ھالەتتىن خالى بولمايدۇ:  ئىككىسىنىڭ بىرىنچىسى: كۈچلۈك بولۇپ ئاشقازانغا ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئىنسانىنىڭ بۇنى بېكىتىشى مۇمكىن بولمايدۇ، بۇ چەكلىنىدۇ، يەنى  بۇنى ئىشلىتىش توغرا بولمايدۇ. چۈنكى بۇ روزىنى بۇزۇشقا ئېلىپ بارىدۇ. ھارامغا ئېلىپ بارىدىغان ھەرقانداق نەرسە ھارام بولىدۇ.  لەقىيتە بىن سەبرەدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىگە مۇنداق دىگەن:  «روزا تۇتمىغاندا بۇرنۇڭغا دىماغقا يەتكۈدەك سۇ ئالغىن».
پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام روزىدار ھالەتتە بۇرنىغا سۇ ئالغاندا دىماغقا يەتكۈزمەسلىكنى ئايرىۋەتكەن، چۈنكى روزىدار ھالەتتە دىماغقا يەتكۈدەك سۇ ئالسا، سۇ كانىيىغا سىڭىپ كىرىپ شۇنىڭ بىلەن روزىسى بۇزۇلىدۇ.  بىز دەيمىزكى: ئەگەر چىش

پاستىسى كۆچلۈك بولۇپ ئاشقازانغا ئۆتۈپ كېتىدىغان بولسا، بۇنداق ھالەتتە ئۇنى ئىشلىتىش توغرا بولمايدۇ، ياكى ئۇنى ئىشلىتىشنى مەكروھ بولىدۇ دەيمىز.

ئىككىنچى ھالەت:  چىش پاستىسى كۆچلۈك بولمىسا، ئۇنىڭدىن ساقلىنىش مۇمكىن بولىدۇ، ئۇنى ئىشلەتسە بولىدۇ، چۈنكى ئېغىزنىڭ ئېچى دېگەن ئېغىزنىڭ سىرتىنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن سۇ بىلەن ئېغىزنى چايقايدۇ، بۇنىڭ زىيىنى بولمايدۇ، ئەگەر ئېغىزنىڭ ئېچى ئىچكى ئەزانىڭ ھۆكمىدە بولغان بولسا ئىدى، ئۇ ۋاقىتتا روزا تۇتقۇچى ئېغىزىغا سۇ ئېلىشتىن چەكلەنگەن بولاتتى. ["ئىبنى ئۇسەيمىن پەتىۋالار مەجمۇئەسى- 16 "توم- 351 بەت] .

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.